# مۇسا ھەقىقەتەن ئىنتايىن ھايالىق، ھايا قىلغانلىقىدىن بەدىنىنىڭ ھېچ يېرى كۆرۈنمىگۈدەك ياپىدىغان كىشى ئىدى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلەر شۇ سەۋەپتىن ئازار بەردى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسا ھەقىقەتەن ئىنتايىن ھايالىق، ھايا قىلغانلىقىدىن بەدىنىنىڭ ھېچ يېرى كۆرۈنمىگۈدەك ھالدا ياپىدىغان كىشى ئىدى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلەر شۇ سەۋەپتىن ئازار بەردى»، ئۇلار: ئۇ ئاق كېسەل ياكى يەل پوداقلىق ياكى تېرىسىنىڭ بىر ئەيىپى بولغاچقىلا مۇشۇنداق يېپىنىدۇ،-دەپ سۆز تارقىتىشتى، ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن پاكلاشنى ئىرادە قىلدى. بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام يالغۇز كىلىپ، كىيىمنى سىلىپ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قويۇپ يۇيۇندى، يۇيۇنۇپ بولۇپ كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندە، تاش ئۇنىڭ كىيىمى بىلەن دومىلىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئېلىپ: «ھەي تاش! كىيىمىم، ھەي تاش! كىيىمىم» دەپ تاشنى قوغلاپ، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەتنىڭ يېنىغا كىلىپ قالدى، ئۇلار ئۇنى ئاللاھ ياراتقان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يالىڭاچ كۆرۈشتى، ئاللاھ ئۇنى ئۇلارنىڭ سۆز چۆچىكىدىن ئاقلىدى، تاش توختىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال كىيىمنى ئېلىپ كىيىپ، تاشنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ كەتتى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تاشتا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇرغان ئىزىدىن ئۈچ ياكى تۆت ياكى بەش ئىز بار، ئاشۇ ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدۇر: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى».
سۈرە ئەھزاب 69-ئايەت
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بەك ھايالىق كىشى بولۇپ، ھايا قىلغانلىقتىن بەدىنىدىن بىرەر يېرىنى بىرەرسىگە كۆرسەتمەي ئوراپ يۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ بەزىسى ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ: ئۇ ياكى تېرىسىدە ئاق كىسەل ياكى يەل پوداقلىق ياكى بىرەر ئەيىپ ياكى كېسەل بولغاچقا مۇشۇنداق ئورۇنۇپ يۆرۈيدۇ،- دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشتى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ بۇ پىتنىسىدىن ئاقلاشنى ئىرادە قىلدى. بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام يالغۇز كېلىپ، كىيىملىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قويۇپ يۇيۇندى، يۇيۇنۇپ بولۇپ كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن تاشنىڭ يېنىقا كەلگەندە تاشنىڭ كىيىمنى بىلەن دومىلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئېلىپ، يالىڭاچ ھالەتتە تاشنىڭ كەينىدىن: ھەي تاش! كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، دەپ توۋلاپ يۈگۈرۈپ، ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى، ئۇلار ئۇنى يالىڭاچ ھالىتىدە ئاللاھ ياراتقان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە كۆرۈپ، ئۇنىڭدا كېسەلمۇ ۋە ئەيىپمۇ يوقلىقىنى بىلىشتى، ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سۆز-چۆچىكىدىن پاكلىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشقا يېتىشۋېلىپ، دەرھال كىيىمنى ئېلىپ كەيدى ۋە تاشنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. تاشتا ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشىدىن قىلىپ قالغان ئۈچ ياكى تۆت ياكى بەشچە ئىزلار بار. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بۇ ئازار توغرىسىدا نازىل بولغان: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى»، سۈرە ئەھزاب 69-ئايەت. يەنى: سىلەر ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا مۇسا

ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزىدىن پاكلىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئابرۇيلۇق ۋە مەرتىۋىلىك كىشى ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10992

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee